# شىنجاڭنىڭ تەرەققىي قىلىپ ئىلگىرىلىشىنى ھەرقانداق ئەكسىيەتچىل كۈچ توسۇپ قالالمايدۇ

(بېشى 1 ـ بەتتە)

پومپېئو ئامېرىكىنىڭ سابىق دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئەسلىدە چوڭ دۆلەتنىڭ ئوبرازىنى نەزەردە تۇتۇپ، چوڭ دۆلەت سىياسىي ئەربابىنىڭ قىياپىتىنى نامايان قىلىشى كېرەك ئىدى، لېكىن كىشىنى ھەيران قالدۇرغىنى شۇكى، ئۇ تەپ تارتماستىن ئاشكارا ھالدا «بىز يالغان سۆزلەيمىز، بىز ئالدامچىلىق قىلىمىز، بىز ئوغرىلىق قىلىمىز» دېگەننى كىشىلىك ھايات ئەقىدىسى قىلىپ، بۇنى نومۇس دەپ قارىماي، ئەكسىچە شەرەپ ھېس قىلدى! بۇنداق رەزىل غەرەزنىڭ يېتەكچىلىكىدە، پومپېئو تەرەپ ـ تەرەپتە قۇتراتقۇلۇق قىلىپ، بېسىم ئىشلىتىپ، ھە دەپ زومىگەرلىك قىلىپ، دۇنياغا ناھايىتى كۆپ ئاۋارىچىلىك ئېلىپ كەلدى؛ پومپېئو تەلۋىلەرچە ئۆزىنىڭ شەخسىي مەنپەئەتىنى قوغلىشىپ، ئامېرىكىنىڭ يۇقۇمدا ئېنىق دىياگنوز قويۇلغانلار ۋە ئۆلگەنلەر سانىدا دۇنيا بويىچە 1 ـ ئورۇندا تۇرۇۋاتقانلىقىغا قارىماي، «مەن نەپەس ئالالمىدىم» دەۋاتقان ئامېرىكا پۇقرالىرىنىڭ غەزەپلىك چۇقانلىرىغا قارىماي، كۆرسىمۇ كۆرمەسكە سېلىپ، ئامېرىكىغا ناھايىتى كۆپ ئاپەت ئېلىپ كەلدى؛ پومپېئو كۆزىنى پارقىرىتىپ تۇرۇپ يالغان سۆزلەپ، شىنجاڭنىڭ سىياسىتى «ئۇيغۇر مىللىتىنى باستۇرۇش» «مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش» «مۇسۇلمانلارغا زىيانكەشلىك قىلىش» «مەجبۇرىي تۇغماس قىلىش» «ئىرقىي يوقىتىش» دەپ بوھتان چاپلاپ، شىنجاڭغا ناھايىتى كۆپ تۆھمەت قىلدى. جاھاننىڭ مالىمان بولماي قېلىشىدىن ئەنسىرەيدىغان بۇنداق سىياسەتۋازغا دۇنيا خەلقى جەزمەن دىمىقىدا كۈلۈپ قويىدۇ، ئامېرىكا خەلقى مۇقەررەر قاتتىق نەپرەتلىنىدۇ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئامما مۇقەررەر نەپرەتلىنىدۇ، لەنەت ئوقۇيدۇ، پومپېئونىڭ كۈچىدىن ئۆتكەن چاشقان ئۇر ـ ئۇرغا قالغاندەك ئاقىۋەتكە قېلىشى پۈتۈنلەي ئۆزىگە ئۆزى قىلغانلىق، ئۆزىگە ئۆزى بالا تاپقانلىق.

ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار مەسىلە ئەسلا قانداقتۇر مىللەت، دىن، كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسى ئەمەس، بەلكى زوراۋانلىققا، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش مەسىلىسى. شىنجاڭ باشتىن ـ ئاخىر قانۇنچىللىق بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، خەلقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، ھەرقايسى مىللەتلەر بىردەك باراۋەر بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش قاتارلىق سىياسەتلەرنى ئەزەلدىن مۇئەييەن مىللەت، دىن، رايون بىلەن باغلىۋالمىدى، ئاتالمىش «ئىنسانىيەتكە قارشى تۇرۇش جىنايىتى» «ئىرقىي يوقىتىش» قاتارلىق مەسىلىلەرمۇ ئەسلا مەۋجۇت ئەمەس. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تېررورىزمغا قارشى تۇرۇش قانۇنى›نى يولغا قويۇش چارىسى» «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش نىزامى» «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ دىن ئىشلىرى نىزامى» «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى خىزمىتى نىزامى» «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تىل ـ يېزىق خىزمىتى نىزامى» «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت نىزامى» قاتارلىق بىر قاتار يەرلىك قائىدە ـ نىزاملارنى تۈزۈپ، تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش خىزمىتىنىڭ باشتىن ـ ئاخىر قانۇنچىللىق يولىدا ئېلىپ بېرىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

بۇ يىللاردىن بۇيان، بىز ئۆتكەن بىر مەزگىلدىكى زوراۋانلىق، تېررورلۇق پائالىيەتلىرى كۆپ يۈز بەرگەن، ئۈزۈلمەي يۈز بەرگەن كەسكىن مۇرەككەپ ۋەزىيەت ئالدىدا، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تەجرىبىلىرىنى ئۆرنەك قىلىپ، قوبۇل قىلىپ، «بىر قولدا زەربە بېرىشنى تۇتۇش، بىر قولدا ئالدىنى ئېلىشنى تۇتۇش»تا چىڭ تۇرۇپ، ھەم زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايىتىگە قانۇن بويىچە قاتتىق زەربە بېرىپ، ھەم مەنبەدىن تۈزەشنى قانات يايدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، قانۇن بويىچە كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزى تەسىس قىلىپ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش خىزمىتىنى ئالدىنى ئېلىش خاراكتېرلىك قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق، ئەسەبىزم بىلەن يۇقۇملانغان، قانۇنغا يېنىكرەك خىلاپ جىنايى قىلمىشى بار كىشىلەرنى ئەڭ زور چەكتە قۇتقۇزۇۋالدۇق، تۆت يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلولىرى يۈز بەرمەسلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ كۆپ يىللاردىن بۇيانقى تىنچلىق، مۇقىملىققا بولغان ئارزۇسى ۋە ئۈمىدىگە ئۇيغۇنلاشتۇق. بىز ئەمگەك ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشنى ئەڭ چوڭ خەلق تۇرمۇشى قۇرۇلۇشى، خەلق رايى قۇرۇلۇشى، ئۇل قۇرۇلۇش قىلىپ، تۈرلۈك چارە ـ ئامال بىلەن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى مۇقىملاشتۇرۇپ، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئەمگەك قانۇنى» قاتارلىق قانۇن ـ نىزاملارغا قاتتىق ئەمەل قىلىپ، ھەر مىللەت ئەمگەكچىلەرنىڭ ئۆزىنىڭ ئارزۇسىغا ئاساسەن كەسىپ تاللىشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، ھەر مىللەت ئەمگەكچىلەرنىڭ ئەمگەك ھەققىگە ئېرىشىش ھوقۇقى، ئارام ئېلىش ـ دەم ئېلىش ھوقۇقى، ئەمگەك بىخەتەرلىكى ـ ساقلىق ساقلاشنى قوغداش ھوقۇقى، ئىجتىمائىي سۇغۇرتا پاراۋانلىقىدىن بەھرىمەن بولۇش ھوقۇقى قاتارلىق تۈرلۈك ھوقۇق ـ مەنپەئەتلىرىنى كاپالەتلەندۈردۇق. بىز نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلدۇق، جەمئىي 3666 نامرات كەنت نامراتلىقتىن چېكىنىپ، 32 نامرات ناھىيە نامراتلىق قالپىقىنى ئېلىۋېتىپ، 3 مىليون 64 مىڭ 900 ئادەم نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»نى ئومۇميۈزلۈك ئىشقا ئاشۇردۇق. بىز قانۇن بويىچە پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ نوپۇسىنىڭ بىردەك مۇقىم، سىجىل ئېشىشىنى ئىشقا ئاشۇردۇق، شىنجاڭدا خەنزۇ مىللىتىنىڭ نوپۇسى ئازراق ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ نوپۇسىنىڭ ئېشىش نىسبىتى پۈتۈن شىنجاڭ نوپۇسىنىڭ ئېشىش نىسبىتىدىن يۇقىرى بولۇپلا قالماي، يەنە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسىنىڭ ئېشىش نىسبىتىدىنمۇ يۇقىرى، خەنزۇ مىللىتىنىڭ نوپۇسىنىڭ ئېشىش نىسبىتىدىن تېخىمۇ كۆرۈنەرلىك يۇقىرى بولدى. بىز مىللىي رايون ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى قەتئىي ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا باراۋەر قاتنىشىش ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى كاپالەتلەندۈردۇق، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىگە تولۇق ھۆرمەت قىلىپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى قانۇن بويىچە قوغدىدۇق، ۋارىسلىق قىلدۇق ۋە ئۇنى ئەۋج ئالدۇردۇق، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆز مىللىتىنىڭ تىل ـ يېزىقىنى ئىشلىتىش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قانۇن بويىچە كاپالەتلەندۈردۇق، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل ـ يېزىقى ئەدلىيە، مەمۇرىيەت، مائارىپ، ئاخبارات ـ نەشرىيات، تور قاتارلىق ساھەلەر ھەممىدە كۈندىلىك تۇرمۇشتا كەڭ قوللىنىلدى. بىز ھەر مىللەت ئاممىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە قانۇن بويىچە كاپالەتلىك قىلىپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ نورمال دىنىي پائالىيەتلىرى ۋە دىنىي ئېھتىياجىنى تولۇق قاندۇرۇپ، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى ۋە دىنىي پائالىيەت شارائىتىنى ياخشىلاشقا ياردەم بېرىپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ دىنىي پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇشنى ئىنتايىن زور دەرىجىدە قولايلاشتۇردۇق. شىنجاڭ ئىسلام دىنى شۆيۈەنى ۋە سەككىز شۆبە شۆيۈەن ھەممىدە ئىسلام دىنى مەكتىپىدىن ئىبارەت جەمئىي ئون دىنىي مەكتەپ قۇرۇپ، خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە، قازاقچە، قىرغىزچىدىن ئىبارەت تۆت خىل يېزىقتا «قۇرئان كەرىم» «سەھىھۇل بۇخارى ھەدىسلىرىدىن جەۋھەرلەر» قاتارلىق دىنىي كلاسسىك كىتابلارنى تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلىپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ دىنىي بىلىملەرگە ئېرىشىش يولىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىپ، ئىسلام دىنىنىڭ ساغلام، تەرتىپلىك ۋارىسلىق قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلدۇق.

شىنجاڭ قوللانغان تەدبىرلەر خەلقئارادىكى نۇرغۇن دۆلەت ۋە بىلىملىك زاتنىڭ تەرىپلىشىگە ئېرىشتى. 2018 ـ يىلى 12 ـ ئايدىن بۇيان، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئەمەلدارلىرى، چەت ئەللەرنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىلىرى، ئىسلام ھەمكارلىق تەشكىلاتى، ئالاقىدار دۆلەتلەرنىڭ جەنۋەدە دائىم تۇرۇشلۇق ۋەكىللىرى، تاراتقۇ مۇخبىرلىرى ۋە دىنىي تەشكىلاتلار قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 80 نەچچە تۈركۈم ئۆمەك ـ گۇرۇپپىدىكى 1200دىن ئارتۇق ئادەم شىنجاڭغا كېلىپ ئېكسكۇرسىيەدە، زىيارەتتە بولۇپ، ھەقىقىي شىنجاڭنى چۈشەندى، مۇتلەق كۆپ ساندىكىلىرى ئوبيېكتىپ، ئادىل بولغان باھا ۋە ئاخبارات خەۋەرلىرىنى ئېلان قىلدى؛ 2019 ـ يىلى 3 ـ ئايدا، ئىسلام ھەمكارلىق تەشكىلاتى دىپلوماتىيە مىنىستىرلىرى كېڭىشى قارار ماقۇللاپ، جۇڭگونىڭ مۇسۇلمان ئاممىغا غەمخورلۇق قىلىش ئۈچۈن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىنى ئالقىشلىدى؛ 2019 ـ يىلى 7 ـ ئايدا، 50 نەچچە دۆلەتنىڭ جەنۋەدە دائىم تۇرۇشلۇق ۋەكىللىرى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىنىڭ رەئىسى ۋە كىشىلىك ھوقۇق ئىشلىرى ئالىي خاس خادىمىغا بىرلەشمە ئىمزالىق خەت ئەۋەتىپ، جۇڭگونىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش ۋە كىشىلىك ھوقۇقنى كاپالەتلەندۈرۈش مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە ئىجابىي باھا بەردى؛ 2019 ـ يىلى 10 ـ ئايدا، 60 نەچچە دۆلەت 74 ـ نۆۋەتلىك بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى يىغىنى ئۈچ كومىتېت يىغىنى مەزگىلىدە سۆز قىلىپ، جۇڭگو شىنجاڭدىكى غايەت زور كىشىلىك ھوقۇق تەرەققىياتىنى تەرىپلىدى؛ 2020 ـ يىلى 7 ـ ئايدا، جەنۋەدە ئۆتكۈزۈلگەن بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىنىڭ 44 ـ نۆۋەتلىك يىغىنىدا، 46 دۆلەت ئورتاق سۆز قىلىپ، جۇڭگونىڭ شىنجاڭغا ئالاقىدار مەسىلىدىكى مەيدانى، ئۇسۇلى ۋە نەتىجە ـ ئۈنۈمىنى قوللىدى؛ 2020 ـ يىلى 9 ـ ئايدا، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىنىڭ 45 ـ نۆۋەتلىك يىغىنىدا، كۆپ دۆلەت ۋەكىللىرى سۆز قىلىپ جۇڭگو شىنجاڭنىڭ سىياسىتىنى ماختىدى؛ 2020 ـ يىلى 10 ـ ئايدا، 50كە يېقىن دۆلەت 75 ـ نۆۋەتلىك بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى يىغىنى ئۈچ كومىتېت يىغىنىدا ئالاقىدار قارالمىلارغا قاراپ چىققاندا، جۇڭگونىڭ شىنجاڭ رايونىدا قوللانغان تەدبىرلىرىنى قوللىدى؛ 2020 ـ يىلى 10 ـ ئايدا، 20 ئەرەب دۆلىتىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىلىرى ۋە ئەرەب دۆلەتلىرى ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ۋەكىللىرى شىنجاڭغا كېلىپ ئېكسكۇرسىيەدە، زىيارەتتە بولدى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش، پۇقرالارنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش قاتارلىق جەھەتلەردىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە يۈكسەك باھا بەردى.

پاكىت مۇنازىرىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، لېكىن پومپېئو بىلىسىمۇ بىلمەسكە سالدى. ئۇ ئېلان قىلغان باياناتى قارىماققا ئىشقا جىددىي قارىغاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بىمەنە، كۈلكىلىك، پەقەت ئۇنىڭ سېسىق نامى پۇر كەتكەن «دىپلوماتىيە مىراسى»غا يەنە بىر ئۆچمەس داغ قوشۇشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. بىز پومپېئوغا يەنە بىر قېتىم رەسمىي يوسۇندا ئۇقتۇرىمىزكى، سەن شىنجاڭغا كىيدۈرمەكچى بولغان «ئىنسانىيەتكە قارشى تۇرۇش جىنايىتى» «ئىرقىي يوقىتىش جىنايىتى» قالپىقىنى بىز ساڭا تولۇق قايتۇرۇپ بېرىمىز، سەن مۇشۇنداق قالپاقنى كىيىپ ئۆيۈڭگە قايتىپ قايتا ئويلىنىپ باق! شىنجاڭنىڭ تەرەققىي قىلىپ ئىلگىرىلىشىنى ھەرقانداق ئەكسىيەتچىل كۈچ توسۇپ قالالمايدۇ!

# 600 تونۇردا يېقىلغان «يۇپيۇمىلاق» نانلاردا نامايان بولغان بەخت

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يېڭىدىن ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەن مۇرابىا پىششىقلاش ـ ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسى يېڭىدىن تەتقىق قىلىپ ئېچىلگەن ئالما مۇرابىاسى نېنى، چىلان مۇرابىاسى نېنىنى تۈگىمەس خام ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيدۇ...

«ئاقسۇنىڭ نانچىلىق كەسپىنىڭ تەرەققىياتى بارغانسېرى ياخشى بولۇۋاتىدۇ، بۇ يىل غەيرەت قىلىپ ئىشلىسەم، چوقۇم بۇلتۇرقىدىنمۇ كۆپ پۇل تاپالايمەن.» يۈسۈپجاندىن ئانچە يىراق بولمىغان جايدىكى بىر تونۇرنىڭ يېنىدا، ئۈچتۇرپان ناھىيەسى ياركۆۋرۈك يېزىسى مازارباغ كەنتىدىن كەلگەن ئابدۇرېشىت تۇرسۇن ئۆزىنىڭ بىرنەچچە شاگىرتىغا شۇنداق دەۋاتاتتى.

نانچىلىق كەسپلەر باغچىسىدا، ھەربىر نان يېقىش گۇرۇپپىسىنىڭ ئىش ھەققى ھەر ھەپتىدە مەھسۇلات مىقدارى تالونى، سۈپەت تەكشۈرۈش تالونى، مال چىقىرىش تالونىغا ئاساسەن بىر قېتىم راسچوت قىلىپ بېرىلىدۇ. ئالدىنقى ھەپتىدە، ئابدۇرېشىت 5800 يۈەن، شاگىرتلىرى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 3500 يۈەن ئەتراپىدا پۇل ئالدى، پۇل سانىغاندا، كۆپچىلىكنىڭ كۆڭلى يايراپ كەتتى.

قۇرۇلۇش كۆلىمى تەخمىنەن 33 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدىغان ئاقسۇ نانچىلىق كەسپلەر باغچىسىدا، مۇخبىرلار نان ئىشلەپچىقىرىش ـ پىششىقلاش رايونى، نان مەدەنىيىتى كۆرگەزمە زالى، تاۋار سېتىش رايونى، ئېلېكترونلۇق سودا رايونىدىكى خىزمەتچى خادىملارنىڭ غەيرىتىنىڭ تولۇپ تاشقانلىقىنى كۆردى. بىۋاستە كۆرسىتىش ئۆيىدە رىياسەتچى خانقىز تۇرغۇن توردا بىۋاستە كۆرسىتىش سۇپىسى ئارقىلىق، توردىشلارغا كەسپلەر باغچىسىدىكى 600 تونۇردا بىرلا ۋاقىتتا نان يېقىلىۋاتقان ھەيۋەتلىك مەنزىرىنى، پىياز نان، كۈنجۈت نان، گازىر نان، لازا نان، گۈلقەنت نان قاتارلىق ھەربىر خىل ئۆزگىچە ناننىڭ تەييارلىنىش جەريانىنى كۆرسىتىۋاتاتتى.

2020 ـ يىللىق سانلىق مەلۇمات جەدۋىلىنى قولىغا ئالغىنىدا، ئاقسۇ نانچىلىق كەسپلەر باغچىسى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى تەن ۋۇمىنىڭ ئىشەنچى تولۇپ تاشتى. ئۇ مۇنداق دېدى: بۇلتۇر يېرىم يىلدا، ئاقسۇ نانچىلىق كەسپلەر باغچىسى 120 مىليون نان ئىشلەپچىقىرىپ، مەھسۇلات قىممىتىنى 300 مىليون يۈەندىن ئاشۇردى، 4000دىن ئارتۇق ئىش ئورنى بىلەن تەمىنلىدى. بۇ يىل، نانچىلىق كەسىپ زەنجىرىنىڭ ئۇزىرىشىغا ئەگىشىپ، شىنجاڭغا كەسپلەر ئارقىلىق ياردەم بېرىشتىن ئىبارەت بۇ سۈپىنىڭ ياردىمىدە، ئاقسۇنىڭ نانلىرى جېجياڭدا ئېچىلغان شىنجاڭنىڭ خاس يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى مەخسۇس دۇكىنىغا كىردى، بۇ تېخىمۇ كۆپ كىشىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا مۇقىم ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا تۈرتكە بولىدۇ.

ئىش ئورنىغا چىققان ھەر بىر ئىشچى ـ خىزمەتچىگە قارىتا، ئاقسۇ نانچىلىق كەسپلەر باغچىسى ئىش ئورنىغا چىقىشتىن بۇرۇنقى تەربىيەلەشنى يولغا قويىدۇ. بۇ يىل، نانچىلىق كەسپلەر باغچىسىدىكى تەربىيەلەشكە مەسئۇل بولغان ئابدۇراخمان روسۇل قاتارلىق ناۋاي ئۇستىلارنىڭ كۈن تەرتىپلىرى زىچ ئورۇنلاشتۇرۇلغاندى. ئۇلار بىر تەرەپتىن باغچە رايونىدىكى مەھسۇلاتلارنى تەتقىق قىلىپ ئېچىش ۋە بىخەتەرلىك، تېخنىكا ماھارىتى بويىچە تەربىيەلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەيدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن ئاقسۇ شەھرىنىڭ ئەتراپىدىكى ناھىيەلەرگە بېرىپ تەربىيەلەشنى قانات يايدۇرىدۇ.

تەن ۋۇمى مۇنداق بىلدۈردى: ئاقسۇ نانچىلىق كەسپلەر باغچىسى ئۆلچەملەشتۈرۈپ ئىشلەپچىقىرىش، كۆلەملەشتۈرۈپ تىجارەت قىلىش، سۈپەتلىك ماركىلاشتۇرۇپ تەرەققىي قىلدۇرۇش، تورلاشتۇرۇپ سېتىشنى ئىشقا ئاشۇردى، «ئاقسۇ نېنى» سۈپەتلىك ماركىسى ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ يەنە بىر يارقىن نام كارتىسىغا ئايلاندى.

# ھۆججەتلىك فىلىم «جۇڭگو شىنجاڭنىڭ تارىخىي ئىزنالىرى» مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ ئۇنىۋېرسال قانىلىدا تارقىتىلدۇ

(بېشى 1 ـ بەتتە)

مەركىزىي رادىيو ـ تېلېۋىزىيە باش ئىستانسىسىنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، «جۇڭگو شىنجاڭنىڭ تارىخىي ئىزنالىرى»دا يىلنامە تۈزۈش قۇرۇلمىسى قوللىنىلغان بولۇپ، چىن ـ خەن، ۋېي ـ جىن، سۈي ـ تاڭ، مېڭ ـ يۈەن، مىڭ ـ چىڭ، مىنگو ۋە يېڭى جۇڭگو قاتارلىق تارىخىي مەزگىللەردىن ھالقىپ، شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخى، مىللەتلەرنىڭ تەرەققىيات تارىخى، دىنلارنىڭ ئۆزگىرىش تارىخى، مەدەنىيلىكنىڭ يۇغۇرۇلۇش تارىخىدىن ئىبارەت تۆت ئاساسىي تېما ئۆز ئىچىگە ئېلىنغان، دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى نەچچە ئون تارىخشۇناس ۋە ئارخېئولوگىيە مۇتەخەسسىسى زىيارەت قىلىنغان.

تونۇشتۇرۇلۇشىچە، بۇ فىلىمدە جۇڭگو شىنجاڭ رايونىدىكى نۇرغۇن مۇھىم، زور تارىخىي پاكىت شەرھلەنگەن: شىنجاڭ جۇڭگو زېمىنىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى، شىنجاڭدىكى مىللەتلەر جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ قان قېرىنداش ئائىلە ئەزاسى، شىنجاڭ ئەزەلدىن كۆپ خىل دىن تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان رايون، شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتى جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ تەركىبىي قىسمى.